ئاستى سىزىلغان پېئىللىق بىرىكمىلەرنىڭ قايسى سۆپەتتىن ياسالغانلىقىنى بىلەمسىز؟

1) مۈشۈكۈم يېقىندىن بېرى بەك ھورۇنلىشىپ كەتتى. ________

2) بوۋامنىڭ كېسىلى يەنە ئېغىرلىشىپ كەتتى. ________

3) ئەلىنىڭ خەت يېزىش سۈرئىتى تېزلىشىپ كەتتى. ________

4) سائەت بەشتىلا كۈنچىقىش ئاقىرىپ كېتىدۇ. ________

5) ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن يوغىناپ كەتتى. ________

6) باھار كېلىپ، ھەممە يەر كۆكىرىپ كەتتى. ________

7) پۇتبول ئايىغىم بەك كونىراپ كەتتى. ________

8) يۇڭ پوپايكام بىر قېتىم يۇيغانغا كىچىكلەپ كېتىپتۇ. ________

*ئۇيغۇر تىلىدا سۆپەتلەردىن ياسالغان كۆپلىگەن پېئىللار بار. بۇ پېئىللارنى ياساش ئۈچۈن سۆپەتلەرگە ھەر خىل قوشۇمچىلارنى ئۇلايمىز. مەسلەن:*

كۆز كەلگەندە كۈن قىسقىرايدۇ.

ئۇنىڭ سالامەتلىكى بارغانسېرى ياخشىلاندى.

بۇ تور ئويۇنى يېقىندا يەنە يېڭىلاندى.